3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# «ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى» كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاتتى

لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىر لى ۋېي

«مەن رايوندىكى ‹ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى› ئارقىلىق، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندىم. ھازىر تەرەققىيات يۆنىلىشىم تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، يەنە تەرەققىي قىلىش غەيرىتىم تېخىمۇ تاشتى» دېدى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قاراماي شەھىرىنىڭ ئورقۇ رايونى ئورقۇ بازىرى خاك كەنتىدىكى دېھقان گو دۇڭلوۋ.

گو دۇڭلوۋ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئورقۇلۇق. يېقىندا، ئۇ ھەر كۈنى زاكاز قوبۇل قىلىش، تېز يوللانما ئەۋەتىش بىلەن ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

«ھەر كۈنى 100دىن ئارتۇق تېلېفون قوبۇل قىلىمەن، ھەممىسى مېنىڭ ئالما قېقىمنى سېتىۋالىدىغانلار.» پاراڭ ئارىلىقىدا، گو دۇڭلوۋ خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى. 2018 ـ يىلى، ئۇ ئۆزى ئالما قېقى تەييارلاشقا باشلىغانىدى، خام ماتېرىيالى ساپ تەبىئىي، تەمى چۈرۈك، يېيىشلىك، باھاسى مۇۋاپىق بولغاچقا، مەھسۇلاتى بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئورقۇ بازىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، ئۇ ئورقۇ رايونى دۇڭلوۋ مېۋە ياپراقچىسى پىششىقلاش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى باشلامچى بولۇپ قۇردى.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئورقۇ رايونى رايوندىكى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزىنى تايانچ قىلىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئاممىباب ياقتۇرىدىغان شەكىللەر ئارقىلىق لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى، «ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى» بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى ئىدى.

ئورقۇ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ يەنجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: «ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى» «يېزىق+سۈرەت+كۆپ ۋاستىلىك تاراتقۇ» شەكلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى ھەم 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئورقۇ رايونىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاش ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى. بۇ خىل قولايلىق شەكىل ئارقىلىق، لېكسىيە پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەربىر ئاممىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە ھاسىلاتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان «شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش»نىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى» ئارقىلىق ئۆگەنگەندىن كېيىن، گو دۇڭلوۋ سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى. 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قىممىتى مىليون يۈەنلىك تولۇق ئاپتوماتىك بىر گەۋدىلەشكەن ئالما قېقى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا: شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، بۇ مېنىڭ دادىل ئىشلەشتىكى ئەڭ زور ئىشەنچىم. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن يەنە يېڭى مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تىجارەت كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، يۇرتداشلارنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەيمەن» دېدى گو دۇڭلوۋ.

«بىز پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى يارىتىمىز» دېدى ئورقۇ بازىرى خاك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زورىگۈل غازى قەتئىيلىك بىلەن.

«ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى» ئارقىلىق سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش زورىگۈلگە سىياسەتنىڭ «خاتىرجەم قىلىش كۆملىچى»نى يېگۈزۈپ، ئۇنىڭ ساياھەتچىلىككە قاتنىشىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئالدىنقى ئىككى يىلدا، زورىگۈل ئۆز ھويلىسىدا كىچىك كۆلەملىك دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ، يىلىغا 40 ـ 30 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلدى.

2020 ـ يىلى، ئورقۇ رايونى جەمئىي 2 مىليارد 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى، ئىستىراھەت يېزا ئېگىلىكى، خاس باقمىچىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈنىۋېرسال تۈرى — «غەربىي قىسمىدىكى ۋۈجىن بازىرى» قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆز ھويلىسىنى پاي قىلىپ قوشۇپ تۈرگە قاتنىشىشقا يېتەكلىدى، زورىگۈل تۈر قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. «غەربىي قىسمىدىكى ۋۈجىن بازىرى» تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ پايدىسى ئۇ ئورقۇدىكى ئاساسلىق شەھەر رايوندىن سېتىۋالغان 98 كۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش بىنا ئۆيى ھەم ئۆينى بېزەش ھەققىگە توغرىلاپ چىقىرىۋېتىلگەن قىسمىدىن باشقا، ھەر ئايدا يەنە 2480 يۈەن پايدا ئالالايدىغان بوپتۇ ھەمدە بۇ ھەر بەش يىلدا 10% ئاشىدىكەن.

زورىگۈلنىڭ ئېيتىشىچە، ئورقۇ رايونىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «غەربىي قىسمىدىكى ۋۈجىن بازىرى» تۈرى قوشۇلغاچقا، بۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ساياھەتچى بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىپ، ئىستېمال قىلىدىكەن، بۇ يىل ئۇ شەھەر رايوندىن بىر دۇكان ئىجارە ئېلىپ ئاشخانا ئاچماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

«ھەر يىلى تۈرنىڭ پايدا تەقسىمات كىرىمگە ئاشخانا تىجارىتى قىلىپ تاپقان پۇلنى قوشقاندا، چوقۇم ئىلگىرىكىدىن كۆپ پۇل تاپالايمەن».

بۇ بىرنەچچە كۈندە، ئورقۇ رايونى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزىدىكى «بارماقتىكى مەدەنىيەت» ئىقتىدارلىق ئىشخانىسىدا، ئەل ئىچىدىكى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى قولدا تىكىش ئۇستىسى ئىدىمجاپ ئالتىنچىمگ شاگىرتلىرىنى يېتەكلەپ موڭغۇللارنىڭ تويلۇق كىيىمى قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى تىكىۋاتاتتى.

2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئالتىنچىمگ «ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى» ئارقىلىق 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئۇنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. «باش شۇجى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا: ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك، دېدى. مەنمۇ بۇ جەھەتتە تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئالتىنچىمگ.

ئالتىنچىمگنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى تىكىش ئارتۇقچىلىقى بار بولۇپ، ئورقۇ رايونى ئۇنىڭ مەركەزدە «بارماقتىكى مەدەنىيەت» ئىقتىدارلىق ئىشخانىسى ئېچىشنى قوللىدى، يەنە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرت قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئالتىنچىمگ ئەل ئىچى ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، يەنە زاكاز قوبۇل قىلىپ پۇل تاپالايدۇ.

«‹ۋىيشىن كىچىك دەرسخانىسى› ئارقىلىق، بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامدا تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ ئاممىنى يىغىن روھىنى قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلىدۇق» دېدى جاڭ يەنجۈن.

قاراقاش ناھىيەسى ئۈچ دەرىجىلىك قانۇن مۇلازىمىتى چەمبىرىكى بەرپا قىلدى

# قولايلىق قانۇن مۇلازىمىتى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈلدى

شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ياڭ شۇخەن

«دەسلەپتە قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ماڭا كېلىپ دېلو تۇرغۇزۇشنى ئۇقتۇرغاندا بۇ ئىش بېشىمنى قاتۇرغانىدى!» 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بىر دېلودىكى دەۋالاشقۇچى تىك Xنىڭ تېلېفوندا مۇخبىرغا دېيىشىچە، ئەينى چاغدا ئۇ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ دېلو تۇرغۇزۇشنى تاماملىيالمىغان. سودىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇ «شىنجاڭ كۆچمە مىكرو سوت مەھكىمىسى» ئارقىلىق توردا دەۋا ماتېرىياللىرىنى يوللاپ، ئاخىرىدا پۈتكۈل جەرياندا ئالاقە تورىغا تايىنىپ دېلونى ئوڭۇشلۇق بىجىرگەن.

ئەدلىيە ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «شىنجاڭ كۆچمە مىكرو سوت مەھكىمىسى»، توردا سوت ئېچىش، سوتتا قاراپ چىقىشنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش، ھۆكۈم كېسىم ھۆججەتلىرىنى توردا ئېلان قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە قوللىنىپ، ئاممىنى ئاز قاتراتىپ، ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا خەلق ئاممىسىغا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت پونكىتى قاراقاش ناھىيە بازىرىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىدە تەسىس قىلىندى.

قوشنا كەنتتىكى كەنت ئاھالىسىگە بەرگەن قەرز پۇلنى قارشى تەرەپ ئۇزاققىچە قايتۇرمىغاچقا، ئەخمەت ھەسەنجان ئاچچىقىدا، خىزمەت پونكىتىغا كېلىپ «ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى». سودىيە نۇربىيە تۇرسۇن غەزەپ بىلەن كەلگەن ئەخمەتنى كۆرۈپ، ئالدى بىلەن ئۇنى كەيپىياتىنى تەڭشەش ئۈچۈنگە تەكلىپ قىلىپ بىر قول خەلقئارا شاھمات ئوينىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئەخمەت شاھماتتا يېڭىلىپ، كۆڭلى خېلىلا تىنچلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا، سودىيەنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن، قەرزدارنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەخمەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەۋادىن كېچىشنى تەلەپ قىلدى.

ئامما يول ئازابى تارتمايلا، ئىشىك ئالدىدىلا مەسلىھەت سورىيالايدىغان، كېلىشەلەيدىغان ۋە دېلو تۇرغۇزالايدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، قاراقاش ناھىيەسىدە تەسىس قىلىنغان يېزا ـ بازار دەرىجىلىك خەلق سوتخانىلىرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەت يېزىلىق خەلق سوتخانىسى «فېڭچياۋچە خەلق سوتخانىسى» قىلىپ تەسىس قىلىندى. ئەتىسى ئەتىگەندە، تۆۋەت يېزىسى چوڭكۆل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇمەمتىمىن بوۋاي بۇ سوتخانىغا كەلدى، ئەسلىدە بوۋاي بازاردا توخۇ ساتقان بولسىمۇ، لېكىن پۇلنى تاپشۇرۇۋالالمىغان، يەنە تېخى سېتىۋالغۇچى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سودىيە ئابلىز مەتنىياز بوۋاينى ئېلىپ كەنتكە كېلىپ خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا سېتىۋالغۇچى تەرەپنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ بەردى، بىر ھەپتىدىن كېيىن، بوۋاي توخۇ ساتقان پۇلنى ئالدى.

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ تۆۋەت يېزىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئەدلىيىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، خىزمەت ئەترىتى فۇنكسىيەلىك ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلەرگە «قانۇنچىلىق ئېپسىل تائاملىرى»نى يەتكۈزدى. 2020 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئەزالىرى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىنسىنىڭ ئەزالىرى، كەنتتىكى ھۆرمەتكە چوڭ كىشىلەردىن تەركىب تاپقان تۆۋەت يېزىسى سىبرىق توغراق كەنت دەرىجىلىك خەلق مۇرەسسە كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى. «ئاممىنىڭ كۆڭلىدە تۈگۈن بولسا ۋە كۆڭلى ئازار يېسە، سوت مەھكىمىسى، سوتخانىلارغا بارمىسىمۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتىغا بارسىلا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىنىدىغان بولدى، ۋاقىت، كۈچىنىڭ تېجەلگەنلىكىنى دېمەي تۇرايلى، يەنە ئاساسىي قاتلامدىكى زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز قولايلاشتى» دېدى قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن سىبرىق توغراق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى لى گوشېڭ.

بۈگۈنكى كۈندە، سىبرىق توغراق كەنت دەرىجىلىك خەلق مۇرەسسە كومىتېتىنىڭ تەسىرىدە، تۆۋەت يېزىسىدا سەككىز كەنت دەرىجىلىك خەلق مۇرەسسە كومىتېتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن زىددىيەت بىخ ھالىتىدىلا ئوڭۇشلۇق تۈگىتىلدى.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە، قاراقاش ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1008 دېلونى مۇرەسسە قىلىپ، 16 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، 16 مىڭ 156 ئائىلىدىكى 48 مىڭ 462 كىشىگە ئۆيىگىچە بېرىپ قانۇننى يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، دەۋا تەلىپىدىن 708نى ھەل قىلغان.

ناھىيە دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر كۆزنەكلىك دەۋا مەركىزى، ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزىدە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىنىشتىن يېزا ـ بازارلاردىكى «فېڭچياۋچە خەلق سوتخانىسى»لىرىغىچە، يەنە كەنت دەرىجىلىك خەلق مۇرەسسە كومىتېتلىرىغىچە، قاراقاش ناھىيەسى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش جەريانىدا، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان قانۇن مۇلازىمىتى چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈردى، قولايلىق قانۇن مۇلازىمىتى يېنىدىلا بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىدىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش 2 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى شۇ يۆخېڭ مۇنداق دېدى: «ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالاتاۋ پورتى دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىشتا ئالدىن تاللايدىغان پورتقا ئايلاندى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۆگىتىش ئۈچۈن، بىز مۇلازىمەت تەدبىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە رەقەملىك پورت سىستېمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە تاموژنا ـ كارخانىلار ۋىيشىن توپىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، نۆۋەتچى پويىز كەسىپلىرىنى توردا قوبۇل قىلىش، توردا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق».

«ھازىر جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى توردا بېجىرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىر تاموژنا ـ كارخانىلار خىزمەت ئالاقە توپى ئارقىلىق، بىز تاموژنىغا نۆۋەتچى پويىزغا ئالاقىدار يازما تەپسىلاتلارنى تاپشۇرساق، مال تىزىملىكىنى بىرىكتۈرۈش ئىلتىماسى قاتارلىقلارنى سۇنساق بولىدۇ. بۇ تەدبىرلەر كارخانىلارغا قولايلىق يارىتىپ، بىزنى كۆپ قاتراشتىن قۇتۇلدۇردى» دېدى ئالاتاۋ پورتى مەلۇم خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت كارخانىسىنىڭ كەسپىي دىرېكتورى يۈ سۇڭ.

2011 ـ يىلى ئالاتاۋدا تۇنجى قېتىملىق «چۇڭچىڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىغاندىن باشلاپ، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ پورتتا چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جەمئىي 16 مىڭ 590 قېتىمغا يەتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى تولدۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەلىپىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش قائىدىسىگە ئايلاندۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى كونترول قىلىش پارامېتىرىنى تۈزۈپ، «سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار»نى «ئادەم مېڭىسى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، 16 تۈردىكى ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىگە 24×7 سائەت پۈتۈن ھاۋارايىلىق «سىكۇنتتا ئىمزا قويالايدىغان» بولدى، بۇ، ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى «سىكۇنتتا تەستىقلاش»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«بىزنىڭ كارخانا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسى، ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسى مەھسۇلاتىمىزنى ئېكسپورت قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ئىسپات. بۇلتۇر 5 ـ ئايدا، تاموژنا ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى ئۆزى بېسىپ چىقىرىشنى يولغا قويدى، بىز تاموژنا ئىش بېجىرىش كۆزنىكىگە بېرىپ گۇۋاھنامە ئالمىساقمۇ بولىدۇ. ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە، ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانى يەنىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇلۇپ، گۇۋاھنامىغا سىكۇنتتا ئىمزا قويۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مۆلچەرلەپ ھېسابلىغاندا ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئىبارەت بۇ تۈردىلا بىر يېرىم كۈنلۈك ئىش بېجىرىش ۋاقتىمىز تېجەلىپ قالىدۇ» دېدى شىنجاڭدىكى مەلۇم شوخلا پىششىقلاش كارخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى.

تاموژنا ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش يولغا قويۇلغان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۈرۈمچى تاموژنىسى «سىكۇنتتا تەستىقلاش» ئارقىلىق 500گە يېقىن ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى تەستىقلىدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاموژنا بېجى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى قەيسەر تۇرسۇن مۇنداق بىلدۈردى: ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ۋىزا ئەندىزىسىدىكى مۇھىم، زور ئىسلاھات، ئومۇمەن ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسى ئۆلچەملىك، توغرا مەلۇم قىلغان 16 خىل كارخانىنىڭ گۇۋاھنامىنى خالىغان ۋاقىتتا ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرتۈش، تېزلا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ چەت ئەلدىكى تاموژنا بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ۋە باشقا ئېتىبار تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولۇشىدىكى مۇھىم ئىسپات، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي «پاسپورتى»، شۇنداقلا خەلقئارا بازارنى ئاچىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ». 2020 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىدىن جەمئىي 7017 پارچىنى ئىمزا قويۇپ تارقاتتى، ۋىزا سوممىسى 3 مىليارد 738 مىليون يۈەن بولدى، ئېكسپورت كارخانىلىرىغا ئېتىبار بېرىلگەن تاموژنا بېجى سوممىسى تەخمىنەن 100 مىليون يۈەن بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئادەتتە، ئۆپكە راكىغا دائىملىق دىياگنوز قويۇشتا، دىياگنوز نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئاغرىقنىڭ كېسلى ئوتتۇرا، ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن داۋالاش ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ئەگەر دەسلەپكى مەزگىلدە ئوپېراتسىيە قىلىنسا، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئون يىل ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى بولىدۇ. كەلگۈسى بەش يىلدا، بىز جۇڭيى تېبابىتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، زامانىۋى تېبابەت تېخنىكىسىغا تايىنىپ ئۆپكە راكىنى داۋالاپ، ئۆپكە راكىغا بالدۇر دىياگنوز قويۇش نىسبىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، نەپەس يولى 1 ـ بۆلۈمىنى شىنجاڭنىڭ جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى بىرلەشتۈرۈلگەن يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئۆپكە راكى مەخسۇس بۆلۈمى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنى قوغدايمىز.

**ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى سۇ لۇپىڭ، چاۋ جىن (رەتلىگەن)**